# مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ئەلۋەتتە ، سىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا ئەگىشىسىلەر

ئەبۇ ۋاقىد ئەل لەيسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشىغا چىققاندا، مۇشرىكلارنىڭ قورالللىرىنى ئېسىپ قويىدىغان«زاتى ئەنۋات» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، بەزى ساھابىلار: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزگىمۇ مۇشرىكلارنىڭ قورالللىرىنى ئېسىپ قويىدىغان دەرىخىگە ئوخشاش بىر دەرەخ قىلىپ بەرگەن بولسىلا؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئاللاھ پاكتۇر!، بۇ خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى دېڭىزدىن ئۆتكەندە مۇشرىكلارنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقىنى كۆرۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھىغا ئوخشاش بىر ئىلاھ قىلىپ بەرگىن دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ، مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ئەلۋەتتە سىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا ئەگىشىسىلەر«

[تېكىست توغرا] [تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھۆنەين ئۇرۇشىغا چىقتى، ھۆنەين دېگەن مەككە بىلەن تائىپ شەھرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر جىلغا بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بەزى ساھابىلار بار ئىدى. ئۇلار" زاتى ئەنۋات" دەپ ئاتىلىدىغان مۇشرىكلار ئۇلۇغلاپ، بەرىكەت تىلەپ، قورالللىرىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگىمۇ قورالللىرىنى ئېسىپ قويىدىغان ۋە بەرىكەت تىلەيدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەرەخنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇلار بۇنداق قىلىسا توغرا بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ سۇبھانەللاھ دەپ تەسبىھ ئېيتتى ۋە بۇ سۆزنىڭ خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى دېڭىزدىن ئۆتكەندە مۇشرىكلارنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقىنى كۆرۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھىغا ئوخشاش بىر ئىلاھ قىلىپ بەرگىن دېگەن سۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئۇلار بۇتقا چوقۇنۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىگىمۇ چوقۇنۇش ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بىر بۇت تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكتۇر. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئۇممەتنىڭ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇممەتنى بۇنداق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee